# شى جىنپىڭ دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئالاھىدە سۆز قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچىنچى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھاڭنى يېقىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلسا پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت ۋەدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زۆرۈر مەدەت بىلەن تەمىنلەپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەققانىي تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ھوقۇق باراۋەرلىكى، پۇرسەت باراۋەرلىكى، قائىدە باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، قول تۇتۇشۇپ يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئوخشاش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئەمەس، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىشنى جىددىي كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشنى زورايتىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار دۇچ كەلگەن بارلىق يەر شارىۋى مەسىلىلەردە، جەزمەن يەر شارىۋى ھەرىكەت، يەر شارىۋى تاقابىل تۇرۇش، يەر شارىۋى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: دۇنيادىكى مەسىلىلەر چىگىش، مۇرەككەپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولى كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش.

— ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق، باشقىلارنى يەكلىمەسلىك كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى خەلقئارادىكى ئىشلارنى كۆپچىلىك ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىش، دۇنيانىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق ئىگىلەشتىن ئىبارەت. خەلقئارادا «گۇرۇھۋازلىق»، «يېڭى سوغۇق ئۇرۇش» بىلەن شۇغۇللانسا، باشقىلارنى چەتكە قاقسا، تەھدىت سالسا، قورقۇتسا، ھە دېسىلا ئالاقىنى ئۈزسە، تەمىناتنى ئۈزۈۋەتسە، جازالىسا، ئۆزئارا ئايرىمچىلىق، ھەتتا ئۆزئۆكچىلىكنى قەستەن پەيدا قىلسا، بۇ پەقەت دۇنيانى بۆلگۈنچىلىك، ھەتتا قارشىلىشىشقا ئىتتىرىدۇ. پارچىلانغان دۇنيا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرالمايدۇ، تىركىشىش ئىنسانلارنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ. تىنچلىق، تەرەققىيات، ئادىللىق، ھەققانىيلىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممىتىنى چىڭ ساقلاپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش كېرەك.

— خەلقئارا قائىدىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويماسلىق كېرەك. خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق ھاسىل قىلغان قائىدە ۋە ئورتاق تونۇش بويىچە ئىدارە قىلىش، بىر ياكى بىر قانچە دۆلەت بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىقى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەت بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېما، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش، كۆپ تەرەپلىك ئاپپاراتلارنىڭ نوپۇزلۇقلۇقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى قوغداش كېرەك. تۈزۈم ۋە قائىدە ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشقا قارشى تۇرۇش، كۆپ تەرەپچىلىك نامى بىلەن بىر تەرەپچىلىكنى يولغا قويماسلىق كېرەك. قائىدە بېكىتىلگەن ئىكەن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك ئەمەل قىلىشى كېرەك. «تاللاش بولغان كۆپ تەرەپچىلىك» بىزنىڭ تاللىشىمىز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

— كېڭىشىش، ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، توقۇنۇشۇش، تىركىشىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك. مەيلى سوغۇق ئۇرۇش، ئىسسىق ئۇرۇش بولسۇن ياكى سودا ئۇرۇشى، پەن ـ تېخنىكا ئۇرۇشى بولسۇن، ھەممىسى ئەڭ ئاخىردا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قۇربان قىلىدۇ. پەرقلەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە سىغدۇرۇش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئىختىلاپلارنى كېڭىشىش، سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرى، نۆل يېغىندىلىق ئويلىشىش كونا ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ھەمكارلىق قارىشىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت تار سىياسەتنى رەت قىلىش، ئادىل، باراۋەر رىقابەتلىشىشنى تەشەببۇس قىلىش، بىر ـ بىرنى قوغلىشىپ، ئورتاق يۇقىرى ئۆرلەيدىغان بىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىدىغان، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىدىغان مۇسابىقە بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك.

— دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر ئىزدا توختىۋېلىپ بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق كېرەك. 21 ـ ئەسىردىكى كۆپ تەرەپچىلىكتە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ھەم كۆپ تەرەپچىلىكنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم مەۋقەنى دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قويۇپ، يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، كەڭ دائىرىدە كېڭەشىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش ئاساسىدا يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە پۇل سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يەر شارىۋى رەقەملىك ئىدارە قىلىش قائىدىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى. بىز مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئۈزلۈكسىز تىنچ بولغان، ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەر بولغان، ئورتاق گۈللەندىغان، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، پاكىز، گۈزەل دۇنيانى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز.

— جۇڭگو داۋاملىق تۈردە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى پايدىلىق تەجرىبىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز دۆلەتلەر ۋە رايونلارنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋاكسىنىنى ھەققىي تۈردە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئىشلىتىدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدۇ.

— جۇڭگو داۋاملىق تۈردە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويىدۇ. يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ «يەر شارىۋىسىزلاشتۇرۇش» بىلەن شۇغۇللىنىش، بېكىنمىچىلىك قىلىپ ئالاقىنى ئۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى قوللاپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىنى قەتئىي يولغا قويىدۇ. سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ راۋانلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، يۇقىرى سۈپەتتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل بەرپا قىلىپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشىغا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

— جۇڭگو داۋاملىق تۈردە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 2030 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، 2060 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پايدىلىقلا ئىش بولسا، جۇڭگو قىلچە باش تارتماي قىلىدۇ ھەمدە ياخشى قىلىدۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ.

— جۇڭگو داۋاملىق تۈردە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىدۇ. پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان، توسىدىغان ۋاستە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. جۇڭگو تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن تەپەككۇر ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئوچۇق، ئادىل، ھەققانىي، كەمسىتىش بولمىغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇھىتى بەرپا قىلىدۇ.

— جۇڭگو داۋاملىق تۈردە يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ. بىرى يەڭسە، بىرى يېڭىلىش، غالىب كەلگۈچى ھەممىنى يۇتۇۋېلىش جۇڭگولۇقلارنىڭ جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ئەمەس. جۇڭگو مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشقا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ ئەڭ ئاخىردا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى بار، ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا ئورتاق كەلگۈسى بار. مەيلى ھازىرقى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتا بولسۇن، ياكى گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشتا بولسۇن، ئىنسانلار جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشقا موھتاج. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، قوشنىسىغا ئورا كولايدىغان ھەرقانداق ئۇسۇل، ھەرقانداق يالغۇز ئېلىشىش پىكىر يولى، ھەرقانداق ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان تەكەببۇرلۇق ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىدۇ! بىز قول تۇتۇشۇپ، كۆپ تەرەپچىلىك مەشئىلى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيلى!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ قايسى باسقۇچقا بارسا، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش شۇ باسقۇچقا يېتىشىپ بېرىشى كېرەك.» «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرىدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان باسقۇچ بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «14 ـ بەش يىل»نى باشلاشتا، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىققاندىلا، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە.» قاتتىق بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق بولۇش تەلپىنى پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتەك سىياسىي جاسارەت بىلەن پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇشتا تەدبىرلىك بولۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش كۈچلۈك بولۇش، پارتىيەنى قۇرۇش ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، پارتىيەمىز ئالدىن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، مۇھىم، زور خىرىسلارغا كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇپ، مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، مۇھىم، زور توسالغۇلارنى يېڭىپ، مۇھىم، زور زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىك ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، يامراشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى «چىۋىنگە زەربە بېرىش» جەريانىدا ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى «14 ـ بەش يىل» قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىگە ئالغان، كەسكىن، مۇقەددەس بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى بىلىشنى قەلبكە پۈكۈشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاش مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى قوشۇنىغا ئەلالىرىنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرىنى سەپلىشى كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئەڭ قاتتىق چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىپ، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش سىستېمىسىدىكى ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، تۈزۈم قەپىسىنى پۇختا، زىچ توقۇپ، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» بولۇشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، تىرىشىپ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، كەسپلەشكەن، ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى قۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، جەزمەن ھەققىي باشقۇرۇش ـ ھەققىي چىڭىتىش، دادىل باشقۇرۇش ـ دادىل چىڭىتىش، ئۇزاققىچە باشقۇرۇش ـ ئۇزاققىچە چىڭىتىش كېرەك. كۈرەش قىلىدىغان «14 ـ بەش يىل»دا، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى مۇساپىدە، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش ئىدىيەسى بىلەن ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، بىز چوقۇم تىنچلىق ـ قالايمىقانچىلىق، گۈللىنىش ـ خارابلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرىيلىكتىن سەكرەپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوتنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلالايمىز ۋە كاپالەتلىك قىلالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دومىنىكا زۇڭلىسى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سېتىۋالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ۋەدە بەردى. جۇڭگو دۇنياغا ئۈلگە بولدى، ئۇ دومىنىكانىڭ ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ھەققىي دوستى. دومىنىكا تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى قوللاپ، ھەرقانداق كۈچنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، شياڭگاڭغا ئالاقىدار، تەيۋەنگە ئالاقىدار قاتارلىق مەسىلىلەردە جۇڭگو بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرىدۇ. دومىنىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتا رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، دومىنىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ھەمدە كارىب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى باخ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەڭ كۆلەملىك تارقالغاندىن بۇيان، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەم ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشتى. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى پائال قوللىغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاۋۋالقىدەكلا قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، دۇڭجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو دۆلەت ئىچى يۇقۇمىنى باشلامچىلىق بىلەن كونترول قىلىپ ھەم ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە پايدىلىق شارائىت ياراتتى. بىز ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆگىتىپ، تۈرلۈك تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پائال تۈرتكە بولدۇق. نۆۋەتتە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەيدان ـ سارايلىرى ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مۇسابىقىنى تەشكىللەش خىزمىتى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلدى، مۇسابىقە مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلدى، تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش سىجىل جانلاندى، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋە مىراس خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بىز بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىشى، تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق. ئىشىنىمەنكى، ئالاقىدار ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، جۇڭگو تەرەپ تۈرلۈك تەييارلىق كۆرۈش ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بېيجىڭ خەلقئارادىكى يازلىق ۋە قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزگەن بىردىنبىر «قوش ئولىمپىك شەھىرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكىتىگە ئۆزگىچە تۆھپە قوشىدۇ.

باخ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادنى باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم موتورغا ئايلاندى، مەن بۇنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆگىتىپ، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى جۇڭگو تەرەپنىڭ بىر نۆۋەتلىك يېشىل، ھەممىبەھرە، ئوچۇق، پاك بولغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىدىيەسىنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئېسىل، بىخەتەر بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدۇ. بۇ، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان 300 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئولىمپىك روھىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىپ، تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن! جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!